# نېمە بولاپ ھەيزدارلار روزىنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ، نامازنىڭ قازاسىنى قىلمايدۇ؟ ئائىشە: خاۋارىجمۇ سىز؟ دېدى، مەن: خاۋارىج ئەمەسمەن، بىراق سوراپ بىلىۋالماقچىمەن، دېدىم، ئائىشە: بىز رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدە ھەيزىدار بولساق، روزىنىڭ قازاسىنى قىلىپ، نامازنىڭ قازاسىنى قىلماسلىققا بۇيرۇلغان، دېدى

مۇئازە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن سوراپ مۇنداق دېدىم: نېمە بولاپ ھەيزدارلار روزىنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ، نامازنىڭ قازاسىنى قىلمايدۇ؟ ئائىشە: خاۋارىجمۇ سىز؟ دېدى، مەن: خاۋارىج ئەمەسمەن، بىراق سوراپ بىلىۋالماقچىمەن، دېدىم، ئائىشە: بىز رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدە ھەيزىدار بولساق، روزىنىڭ قازاسىنى قىلىپ، نامازنىڭ قازاسىنى قىلماسلىققا بۇيرۇلغان، دېدى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

مۇئازە رەزىيەللاھ ئەنھا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن شەرىئەتنىڭ ھەيزدار ئايالنى روزىنىڭ قازاسىنى قىلىپ نامازنىڭ قازاسىنى قىلماسلىقىدىكى ھىكمەت ۋە سەۋەب توغرۇلۇق سورىدى، گەرچە ناماز شەرىئەت نوقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا روزىدىن ئۇلۇغ. ئىبادەتنىڭ قازاسىنى قىلىشتا ناماز بىلەن روزىنىڭ ئارىسىنى پەرىقلەندۈرمەسلىك خاۋارىجلارنىڭ مەزھىبى ئىدى، ئۇ مەزھەب جاپا ۋە ئېغىرچىلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان. شۇ سەۋەبتىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇئازەدىن سورىدى، سىز خاۋارىجمۇ؟ ئۇلار ئېتىقاد قىلغاندەك ئېتىقادتىمۇ؟ ئۇلار چىڭقىتىۋالغاندەك ئېغىر يولدىمۇ؟ دېدى. ئۇ ئايال جاۋاب بىرىپ: مەن خاۋارىج ئەمەس، لېكىن بىلىش ئۈچۈن سوراۋاتىمەن، دېدى. ئائىشە: رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدە ھەيزدار بولغىنىمىزدا ناماز ۋە روزىنى تەرىك ئېتەتتۇق، رەسۇلۇللاھ بىزنى روزىنىڭ قازاسىنى قىلىشقا نامازنىڭ قازاسىنى قىلماسلىققا بۇيرۇيتتى، ئەگەر نامازنى قازا قىلىش ۋاجىب بولسا سۈكۈت قىلماي ئۇلارنى بۇيرۇيتتى، دېدى. ئائىشە: شەرىئەتنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇش، چەك-چىگرالىرىدا توختاش ھىكمەت ۋە توغرا يولدۇر، دېمەكچى بولدى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3449